# ئاللاھ بەندىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدىغان كۈنلەر ئىچىدە ئەرەپات كۈنىدىنمۇ شەرەپلىكراق كۈن يوق

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: « ئاللاھ بەندىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدىغان كۈنلەر ئىچىدە ئەرەپات كۈنىدىنمۇ شەرەپلىكراق كۈن يوق. ئاللاھ بەندىلىرىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن پەرىشتىلەرگە پەخىر قىلىپ: ئۇلار نېمىنى مەقسەت قىلدى؟» دەيدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ، چىقىرىۋېتىشقان كۈنلەر ئىچىدە ئەرەپات كۈنىدىن ئەۋزەلراق كۈن يوق. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەج قىلغۇچىلار بەندىلىرىگە ھەقىقى يېقىنلىشىدۇ، ئۇلار بىلەن پەرىشتىلەرگە پەخىر قىلىپ، پەرىشتىلەرگە ھاجىلارنىڭ پەزىلىتىنى ۋە شەرىپىنى ئاشكارا قىلىدۇ. "ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە": ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە ھەقىقى يېقىنلىشىدۇ، ئۇ ئەرشىنىڭ ئۈستىدە ئورۇنلاشقان، خەلقىدىن ئايرىم،- دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەقىقى يېقىنلىشىپ ۋە يېقىن بولۇپ: «ئۇلار نېمىنى مەقسەت قىلدى؟» دەيدۇ، يەنى: ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرنى، ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ، پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلىپ، بەدەنلىرىنى چارچىتىپ، قايسى نەرسىنى مەقسەت قىلدى؟، يەنى: ئۇلار پەقەت مەغپىرەت، رازىلىق، يېقىنلىق ۋە ئۇچرىشىشنى مەقسەت قىلدى، ئۇلارنىڭ مۇراد-مەقسەتلىرى ھاسىل بولىدۇ، دەرىجىلىرى نىيەتلىرىنىڭ مىقدارىچە بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8288